ئۇيغۇر هازىرقى زامان ئاتاقلىق شائىرلىرىنىڭ شېئىرلىرىدىن نەمۇنىلەر

بوغدا ئابدۇللا

# قەدىمىي يارغولدا كەچ كۈز



شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

ئۇيغۇر ھازىرقى زامان ئاتاقلىق شائىرلىرىنىڭ شېئىرلىرىدىن نەمۇنىلەر

بوغدا ئابدۇللا

# قەدىمىي يارغولدا كەچ كۈز

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

**图书在版编目(CIP)数据**

古交河的晚秋：维吾尔文/博格达·阿卜都拉著. —乌鲁木齐：新疆人民出版社，2008.6（2009.2 重印）

ISBN 978—7—228—11690—4

Ⅰ.大… Ⅱ.吾… Ⅲ.诗歌—作品集—中国—当代—维吾尔语（中国少数民族语言） Ⅳ. Ⅰ227

中国版本图书馆 CIP 数据核字（2008）第 081013 号

| | |
|---|---|
| 作　　者 | 博格达·阿卜都拉 |
| 责任编辑 | 买买提吐尔地·米尔孜艾合买提 |
| 责任校对 | 赛娜瓦尔，古丽夏尔 |
| 特约校对 | 亚生·扎依莫夫 |
| 封面设计 | 艾克拜尔·沙力 |
| 出版发行 | 新疆人民出版社 |
| 地　　址 | 乌鲁木齐市解放南路 348 号 |
| 电　　话 | 0991—2827472 |
| 邮政编码 | 830001 |
| 印　　刷 | 新疆新华印刷二厂 |
| 经　　销 | 新疆维吾尔自治区新华书店 |
| 开　　本 | 880×1230 毫米　1/32 |
| 印　　张 | 5 |
| 插　　页 | 4 |
| 版　　次 | 2008 年 7 月第 1 版 |
| 印　　次 | 2009 年 2 月第 2 次印刷 |
| 印　　数 | 5001—8000 册 |
| 定　　价 | 15.00 元 |


# نەشر ىياتىنى

بوغدا ئابدۇللا 1941 ـ يىل 11ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى لەنجۇدا تىجا-
رەتچى ئائىلىسىدە تۇغۇلغان . كېيىن ئائىلىسىدىكىلەر بىلەن بىللە ئۈرۈم-
چىگە كۆچۈپ كېلىپ، 1960 ـ يىلغىچە ئۈرۈمچى 2 ـ رادىلمۇئەللىمىن
قارمىقىدىكى باشلانغۇچ مەكتەپتە ۋە ئۈرۈمچى تەجرىبە ئوتتۇرا مەكتەپتە
ئوقۇغان . 1960 ـ يىلدىن 1965 ـ يىلغىچە شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ
تىل ـ ئەدەبىيات فاكۇلتېتىدا ئوقۇغان . ئوقۇش پۈتتۈرگەندىن كېيىن
مەزكۇر فاكۇلتېتتا ئوقۇتقۇچىلىق قىلغان . 1980ـ يىل يۈننەن ئۇنىۋېر-
ستېتىدا «جۇڭگو ئاز سانلىق مىللەتلەر ئەدەبىيات نەزەرىيىسى تەتقىقا-
تى» كەسپىدە بىلىم ئاشۇرغان . 1998ـ يىل پروفېسسورلۇق ئۇنۋانىغا
ئېرىشكەن . 2001 ـ يىلى پېنسىيىگە چىققان .

شائىرنىڭ 1954 ـ يىل «شىنجاڭ ياشلىرى» گېزىتىدە ئېلان قىلىن-
غان «دېھقان قىزلىرى ھەققىدە قوشاق» دېگەن شېئىرى بىلەن ئەدەبىي
ئىجادىيەت سېپىگە كىرىپ كەلگەن . 1960ـ يىللارنىڭ ئوتتۇرىلىرىغىچە
باللار شېئىرلىرىنى كۆپ يازغان . 1960 ـ يىللاردا يازغان «چوغلۇق
باللادىسى» ناملىق ئەسىرى ئۇنىڭ شېئىرىيەت تالانتىنى نامايان قىلغان .
1980 ـ يىللارنىڭ باشلىرىدىن ئېتىبارەن ئۇنىڭ شېئىر ئىجادىيىتىدە ئۆ-
زىگە خاس ئۇسلۇب شەكىللىنىشكە باشلىغان . 1990 ـ يىللاردىن باشلاپ
ئۇنىڭ شېئىر ئىجادىيىتىدە روشەن يۈكسىلىش بولدى . مۇشۇ يىللاردا
يېزىلغان «سالغا تېشى» ناملىق داستانى ئۇنىڭ پىشقان ئۇسلۇبىنى نامايان
قىلدى . ھازىرغا قەدەر ئۇنىڭ «باھار غۇنچىلىرى» (1978 ـ يىل)،
«يەلكەن» (1983 ـ يىل)، «چۈش كۆرىدۇ بىر تۈپ ئانارگۈل»
(1988 ـ يىل)، «قىز قەلئەسى» (1993 ـ يىل)، «سالغا تېشى»

(1998 ـ يىل)، «شېئىر مەڭگۈ ئاخىرلاشمايدۇ» (2002 ـ يىل)، «يېزىقچىلىق توغرىسىدا» (1983 ـ يىل)، «يېزىقچىلىق ئىلمى» (1996 ـ يىل)، «شېئىرىيەتتىكى بوشلۇق» (2004 ـ يىل)، «كومزەك كۆتۈرگەن قىز» (2004 ـ يىل) قاتارلىق شېئىرلار توپلىمى، ئىلمىي ئەسەرلىرى ۋە تاللانغان ئەسەرلىرى نەشر قىلىندى. شائىرنىڭ ئەسەرلىرى خەنزۇ، رۇس، ئۆزبېك، قىرغىز، ئۇردۇ قاتارلىق تىللارغا تەرجىمە قىلىنغان.

بۇ كىتابقا شائىر بوغدا ئابدۇللانىڭ ۋەكىللىك خاراكتېرگە ئىگە بىر تۈركۈم مۇنەۋۋەر شېئىرلىرى تاللاپ كىرگۈزۈلدى.





此为试读, 需要完整PDF请访问: www.ertongbook.com

# مۇندەرىجە

## شېئىرلار



يارغول ........ 1
ئانا ........ 2
كروران مەلىكىسى ........ 7
تۇرپان ........ 8
كېچىدىكى سېرىن ........ 9
تاغلارغا ئاققان ئاق بۇلۇت ........ 10
سىگانلار ........ 11
مۇقام ........ 13
ئەكس سادا ........ 15
ئىزىمنى ئىزلاش ........ 16
ئۆردەك ........ 17
سايلىق ........ 18
سائادەت ........ 20
موللا توختىيۇزىدە ........ 21
ئالدىنقى سەھەر ........ 22
ياۋايى رەيھان ........ 23
كرورانغا قايتىش ........ 24
ئەسكىشەھەر ........ 26
ئايگۈل، يىغلىما ........ 27
تۆمۈرتى ........ 28

دېڭىز ئۈستىدىكى چۈش ........................ 29
تاغلارنىڭ قىزى ........................ 30
يىلانبۇلاق ........................ 31
يىرىم كېچىدە دەقىقە ئۇزۇن ........................ 32
سەرۋەك ........................ 33
ئاق سىرىن، قەرزدارمەن ساڭا ........................ 34
قالغاي ........................ 35
باغراش كۆلى ........................ 36
قورايدىكى غول سۈيى ........................ 38
شېئىرىيەت ئىلاھى ........................ 39
غېرىب جاڭگال ........................ 40
بىر رىۋايەت ........................ 41
چوغ ........................ 42
قايتقان قۇشلار ........................ 43
قارلىق تاغ ........................ 44
ئۇد چالدۇ پارس دىلبىرى ........................ 45
مۇشائىرە ........................ 47
قىزىل ئەترگۈل ........................ 48
بىر تۈپ دەرەخ ........................ 49
بابۇر ........................ 50
مۇشۇك ........................ 51
مەرمەر ئۇستىسغا ........................ 53
قۇمتاغ ........................ 54
لاھۇر ........................ 55
قىز قەلئەسى ........................ 56
ۋاششەر ........................ 57
ئاقتاش رىۋايىتى ........................ 58
تۈۋنىش ........................ 60
قەبرىستان ........................ 61

ئانجان، ئانجان، ياشىغىن ئۇزاق ........................ 62
ئاق قۇ ھەققىدە رىۋايەت ........................ 65
بۇغرىقۇم ........................ 66
نورۇز ئانا ........................ 67
يالغۇز ........................ 68
كۆمۈر ئادەم ........................ 69
بۇگۈن ۋە ئەتە ........................ 70
باغداش كېلەسى ........................ 71
گۈلئەھمەر ........................ 72
جىگدە دەرىخى ........................ 73
يېتىم بالا ........................ 74
پالۋان قىز ........................ 75
سەنتۇر ........................ 76
بوۋاي ۋە سەيياد ........................ 77
رۇبائىيلار ........................ 78
پۇشايمان ........................ 79
زىبدە قەبرىلەر ........................ 80
قايتىش ........................ 81
سايرام رىۋايىتى ........................ 83
شىر ........................ 84
سۇ ........................ 85
سوۋغا ........................ 86
قۇرۇم تاغ ـ كوئىنلۇن ........................ 87
گۇناھكار كېلىن ........................ 88
ئۆركىشىڭنى بەرگىن تۆگىلەر! ........................ 90
ئاق ئەتىرگۈل ........................ 91
سىگان قىزى ھەققىدە تۆت كۇپلېت شېئىر ........................ 92
قەدىمىي يارغولدا كەچ كۈز ........................ 93
پالچىلار ........................ 94

مىرەن ........................................ 95
قۇرمىش ئاتا ........................................ 96
بىرقۇر خەت ........................................ 97
قىيا تاش ........................................ 98
كاككۇك سايرىغان دەريا ........................................ 99
ئەرەب دېڭىزى ........................................ 100
كېرىيە دەرياسى ........................................ 101
تۇرنا شەپىسى ........................................ 102
گۆر ئوغرىسى ........................................ 103
شائىرە ........................................ 104
قۇشلار باھارنى چىللايدۇ ........................................ 105
تارىم ........................................ 106
چۈش كۆردۇم بىر تۈپ ئانارگۈل ........................................ 109
ئايدىڭ ........................................ 110
ئانا تىلىم ........................................ 111
دېڭىز، يوپۇرماق، جانان ........................................ 112
شاھزادە ........................................ 114
دۇلدۇل ........................................ 115
ياقۇت دۇنياسى ........................................ 116
ئۇزاق ........................................ 117
مەستۇرە ........................................ 118
كومزەك كۆتۈرگەن قىز ........................................ 119
قاشتېشى ........................................ 120
ئەي دۇنيانىڭ خىلۋەت بۇلۇڭى ........................................ 121
تۆگە ........................................ 123
ئارغان ........................................ 124
قۇتتاغدىن ئۆتۈش ........................................ 125
لۈكچۈن مەدرىسىسى ئالدىدىكى كوچا ........................................ 126
مۇرتۇق غولىدا ........................................ 127

گۆھەر ........ 128
ئاخىرقى كارىز سۇلىرى ........ 130
پاختەك نېمە دەيدۇ ........ 131
قۇم ........ 132
ئاقتىكەن ........ 133
ھېيتگاھنىڭ ئالدىدا ........ 134
پۇچىلىنىش ........ 135
نورۇز بوۋا ........ 136
سۇلتان سەئىد قىلىچ مازىرى ........ 137
بىر ئەما قىزنىڭ ھاسىسىغا بېغىشلاپ ........ 138
چەرچەن يولى ........ 139
كېچىدە دېڭىزغا نەزەر ........ 140
بىر تۇپ سىرلىق دەرەخ ........ 141
شېكەر توغراق ........ 142
بىر تال بېلىقنىڭ دەپنە مۇراسىمى ........ 144
چېقىل ........ 145
ئوقا بويان ........ 146
شەرقتىكى تاغلار ........ 147
يولچى ........ 148
ئاللىچى راۋاب ........ 149
قەدىمكى كېچە ........ 150



# يارغول

ئاپتاپقا بەرداش بېرىپ، كۆيگەن،
شامالغا بەرداش بېرىپ توزۇغان .
ئاڭلانماس ئەسرلەرنىڭ قىيا ـ چىياسى
ھەم ئىز قالدۇرمىغان قان .
قەدىم راھىبلارنىڭ تىلاۋەتلىرى
مىس قوڭغۇراقلارنىڭ ساداسى نەدە؟!
قوشۇلۇپ مەبۇدىلەر بىلەن
ھەممىسى ئاسمانغا سۈرۈلۈپ كەتتى ـ دە!
يىگى بىر ئەسرنىڭ ئادىمى
يۈرۈشەر بۇندا ئۈزۈلمەي، نېمىنى ئىزدەر؟
كۆرۈش كېرەك جاڭگال بولسا ھەم،
تاڭ قالدۇ چەكچىيىپ كۆز ـ گۆھەر.
ھە! بۇ كۈنچىقىش
قۇياشنى تۇغقان تەرەپ،
ئەجەبا ئوخشاشماس بىر سەنئەت،
كەم قالامدۇ موناستىردىن[1]
سوئاللار جاۋاب تاپار بىر ـ بىرلەپ .

1990 ـ يىل 9 ـ ئاينىڭ 29 ـ كۈنى

[1] موناستىر ــ گىرىتسىيدىكى بىر شەھەر



此为试读,需要完整PDF请访问: www.ertongbook.com

# ئانا

توقسانغا ئۇلاشتى،
كۆزى خىرەلەشتى،
تونۇمايدۇ گاھدا سىنى،
سىنى چاقىرماقچى بولۇپ
چاقىردۇ باشقا بىرىنى،
باشقا بىرى چاقىرغاندەك .

توقسان ياز،
توقسان كۈز،
توقسان قىش،
توقسان ئەتىياز،
ئۆتۈپ كەتتى
ماڭلىيىغا ئىز سىلىپ،
ئۆتۈپ كەتتى سۇدەك
ئەمدى،
تىتىكلىكى يوق
بۇرۇنقىدەك .
كۆرپىدە ياتار،
ئىشىككە قارار،
سەن كەلمىسەڭ بىر كۈن
كۆڭلى يېرىم بولار،
كۆزىگە ياش ئالار،

كىچىك بالىدەك .
ھەي!
جاھاننى ياشاپ تۈگىتىپ قويدى
ئەمدى مېھماندەك!

كۆكتۆل نازۇك نەرسە،
كۆتۈرەلمەس گەپنى
سۇ - مىسقال تۆمۈرنى كۆتۈرەلمىگەندەك .
شۇڭا
تاشلىما ئۇنى،
ئۇنتۇما ئۇنى،
يوقلا!
تاتلىق بىلەن!
ئاچچىق - چۈچۈك بىلەن!
ھالداش،
مۇڭداش،
ئوغلى بولمىسا ئوغلى بول!
قىزى بولمىسا قىزى بول!
يۇيۇپ قوي،
چاچلىرىنى تاراپ قوي،
دۈمبىسىنى سىلاپ قوي،
پۇتىنى تۇتۇپ قوي،
شۇنداق قىلساڭمۇ
بىر كېچە بەرگەن سۈتى ھەققىنى
تۆلىيەلمەسەن
بولۇپ پايپېتەك!
ئۇ بولمىسا
سەن قېنى؟!
مەن قېنى؟!

توققۇز ئاي
توققۇز كۈن
توققۇز سائەت
توققۇز دەقىقە
كۆتۈرگەن بىزنى قورسىقىدا،
ئاش ئىچىپ،
نان يىقىپ،
كىر يۇيۇپ ...
يول يۈرۈپ،
جاھان لەرزىگە كەلگەن تولغىقىدا ...
چاقماق چاققاندەك،
بوران گۈركىرىگەندەك!

بىز!
ئۇنىڭ بەختى،
ئارزۇسى ئىدۇق،
بۈگۈنى،
ئەتىسى ئىدۇق.
بىز!
ئۇنىڭ قايتا تۇغۇلۇشى ئىدۇق،
ئوغۇل بولۇپ،
قىز بولۇپ.
بىز!
ئۇنىڭغا ئوخشىدۇق:
كۆزىمىز ئوخشار،
قېشىمىز ئوخشار،
بۇرنىمىز ئوخشار،
ئاغزىمىز ئوخشار،
گۈل ـ گۈلگە ئوخشىغاندەك.

كۆز نۇرىمىز،
قارا چېچىمىز،
قېنىمىز
ئۇنىڭ ئىدى، ئۇنىڭ ...
خۇددى سۇنىڭ بېشى بولغاندەك .

ئىنسان
ھەم ئەقىللىق بولار
ھەم نادان
كۆيەر بالىسىغا،
كۆيمەس ئانىسىغا،
ئانا كۆيەر بالىسىغا:
سېنى ئاسماندا ئۇچسا دەيدۇ،
دېڭىزغا شۇڭغۇسا دەيدۇ،
تۆھپەڭنى كۆرۈشنى تىلەيدۇ
شەيخ جايىنامازدا تىلىگەندەك .
تاپسا
بىر تال كەمپۈت،
بىر تال ئالما،
گېلىدىن ئۆتمەس،
يالغۇز يېگۈسى كەلمەس
سېنى يەۋالسۇن دەيدۇ،
سېنى ئورۇقلاپ قالمىسۇن دەيدۇ،
كەپتەر باچكىسىنى ئاسرىغاندەك .

توقسانغا ئۇلاشتى،
قۇلىقى ئېغىرلاشتى،
چىشى چۈشكەن،
بېلى ئېگىلگەن،

بېشى ئاغرىيدۇ،
پۇتى سىرقىرايدۇ...
لېكىن،
تۇرغۇسى كېلەر،
يۈرگۈسى كېلەر،
ھاسىسىنى تاشلىغۇسى كېلەر،
يۈرگۈسى كېلەر ياش، قىرانلاردەك.

يەر ئايلىنار،
ۋاقىت ئۇچار،
بۈگۈننىڭ بوسۇغىسىدا
ئەتە ساقلاپ تۇرار.
شۇنداق،
قېرىيدۇ بارچە:
ئادەممۇ،
دەرەخمۇ،
قۇشلارمۇ ...

1983 ـ يىل 2 ـ ئاي، ئۈرۈمچى

# كروران مەلىكىسى

ئويغىنىدۇ زېمىننىڭ سىرى .
ئۇزاق سۈكۈت ـ تەنھا بىر چېكى .
دىدار مۇلاقات
مەلىكىنىڭ توسقۇنسىز ئەركى،
ياغاچ تاۋۇت، كالا تېرىسى
ياتقان پېتى زەررە قۇم كۆرمەي،
باش كىيىمى پەيلەر سانجىقلىق،
ئەسىر ـ ئەسىر قىياس بىلىنمەي .
ئەۋۋىلىدە تىرىك پەرىزات،
ئاخىر يا بىر چەۋەندازدۇر.
كۈللى مەدھىي پۈتۈلگەن نەگە،
ھېچ بىلمىدىم كىم قۇرئەندازدۇر.

2005 ـ يىل 4 ـ ئاي





此为试读，需要完整PDF请访问：www.ertongbook.com